ملليتىمىز تۈرك، دىنىمىز ئىسلام، ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستان

# شەرقىي تۈركىستان

ŞARKİ TÜRKİSTAN DOĞU TÜRKİSTAN

«ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان نەشرىيات مەركىزى» نەشر قىلدى

ئايلىق سىياسىي گېزىت

1995

3 - ئاي

9 - سان




## خەلقئارا ئىنسان ھەقلىرى كومىتېتى

### شەرقىي تۈركىستانغا تەكشۈرۈش ئۆمىكى ئەۋەتىدۇ

(ياۋروپا نەشرىيات مەركىزى خەۋىرى). بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئىنسان ھەقلىرى كومىتېتى، شەرقىي تۈركىستاندىكى سىياسىي مەھبۇسلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئۆمىكى ئەۋەتىدۇ. تەكشۈرۈش ئۆمىكى خىزمەت باشلاشتىن بۇرۇن، خىتاي ھۆكۈمىتىگە شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىنسان ھەقلىرى ۋە گۇناھسىز مەھبۇسلارنىڭ ئىسىملىكى توغرىسىدا دوكلات سۇندى ۋە بۇ ھەقتە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ جاۋاپ قايتۇرۇشىنى تەلەپ قىلدى.

1990 - يىلدىن بۇيان خىتايىنىڭ دېكتاتورا ئورگانلىرى شەرقىي تۈركىستاندا خەلقنى قورقۇتۇپ، زورەك سالدى قىلىپ، ئادەم تۇتۇش، مەھبۇسلارنى كوچىلاردا سۆرەتلەش، قورال بىلەن رېجىم ئاستىغا ئېلىش، سازايى قىلىش، قىيناش، ۋەھشىيلەرچە ئاشقان جازالاش ئۇسۇلى بىلەن مەجبۇرىي ئىقرار قىلدۇرۇش ئارقىلىق ئىنسان ھەقلىرىگە ئېغىر دەخلى-تەرۇز قىلماقتا. بۇ توغرىسىدىكى مەلۇماتلار ئىنسان ھەقلىرى كومىتېتى، بەزى غەرپ دۆلەتلىرى ۋە ھۆكۈمەت تەشكىلاتلىرىنىڭ يىللىق ئارخىپلىرىدا ساقلانماقتا.

ياۋروپا شەرقىي تۈركىستانلىقلار بىرلىكى ئىنسان ھەقلىرى كومىتېتى ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق تەشكىلاتلارغا، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىنسان ھەقلىرى ئەھۋالىغا قارىتا دائىم دىققەت-ئېتىبارىنى بېرىش تەكلىۋىنى سۇندى.

## ئەركىن ئالپ تېكىننىڭ ئامېرىكىدىكى زىيارىتى



ئۆز خەۋىرىمىز: ياۋروپا شەرقىي تۈركىستانلىقلار بىرلىكىنىڭ رەئىسى ئەركىن ئالپ تېكىن بۇلتۇر 15 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ئامېرىكىنىڭ ۋاشىنگتون شەھىرىدە ئۈچ كۈنلۈك زىيارەتتە بولدى. ئەركىن ئالپ تېكىن زىيارەت مەزگىلىدە، ئامېرىكا پارلامېنت ئەزالىرى، دۆلەت ئەربابلىرى، ئىنسان ھەقلىرى كومىتېتى ئەمەلدارلىرى ۋە بىر قىسىم ئامما بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇلارغا شەرقىي تۈركىستاننىڭ بۈگۈنكى ئەھۋالى ۋە خىتايىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا يۈرگۈزىۋاتقان ئىنسان قېلىپىدىن چىققان زوراۋانلىقى ھەققىدە كەڭ كۆلەمدە مەلۇمات بەردى ھەمدە ئامېرىكا خەلقىنىڭ خىتاي كوممۇنىستلىرى يۈرگۈزىۋاتقان ئىنسان ھەقلىرى تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى تۇرۇپ، شەرقىي تۈركىستان داۋاسىغا ياردەم قىلىشىنى ئۈمىد قىلدى. داۋامى 4 - بەتتە

## ئەيسا يۈسۈپ ئالپ تېكىننىڭ تۈرك دۇنياسىغا چاقىرىقى



ئۆز خەۋىرىمىز: 1995 - يىل 3 - ئاينىڭ 16-18 - كۈنلىرى ئىستانبۇلدىكى تۈرك دۇنياسى تەتقىقات ۋەخپى، تۈرك مىللەت ۋەكىللىرىنىڭ 4 - نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىغا تەييارلىق كۆرۈش يىغىنىنى ئۆتكۈزدى. يىغىنغا، شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ لىدېرى ئەيسا يۈسۈپ ئالپ تېكىن، «شەرقىي تۈركىستان» گېزىتى ساھىبى ئارسلان ئالپ تېكىن ۋە شەرقىي تۈركىستان ۋەخپى سېكرېتارى ھامۇتخان كۆكتۈرك، شەرقىي تۈركىستان ياۋروپا بىرلىكى ئىستانبۇل شۆبىسىنىڭ رەئىسى بەگھاجى تەكلىپ بىلەن قاتناشتى. يىغىنغا بالقار، قاراچ، تاتار، داغىس، چاۋاش، قىرىم، باتى تىراكىيە، ماكېدونىيە، پىرىزرەن، ساقا تۈركلىرىنىڭ مىللەت ۋەكىللىرى، ياۋروپا تۈرك تەشكىلاتچىلىرى ۋە تۈركىيىنىڭ تۈركلۈك مۇجاھىدلىرىدىن تېرىكىپ تاپقان بىلىم ئادەملىرى قاتناشتى.

يىغىندا، ئالدى بىلەن ھەر قايسى جايلاردىن كەلگەن ۋەكىللەر سۆز قىلىپ، ئۆز جايلىرىدىكى تۈرك مىللەتلىرىنىڭ ئەھۋالىدىن مەلۇمات بەردى. ۋەكىللەر بىردەك مۇنداق دېدى: «نۆۋەتتە، چەتئەل كۈچلىرىنىڭ ئاسارىتىدە ياشاۋاتقان تۈرك خەلقى روسىيىنىڭ پارچىلىنىشىدىن كېيىن، ئوخشاشلا باشقىلارنىڭ زۇلۇمىغا، چەتكە قېقىلىشقا ئۇچراۋاتىدۇ. ئۇلارغا تۈركىيە بىلەن مۇستەقىللىققە ئېرىشكەن تۈرك جۇمھۇرىيەتلىرى ساھىب چىقىشى لازىم». داۋامى 3 - بەتتە

## دېڭ شياۋپىڭ ئۆلدىمۇ؟

(تۈركىيە «ئوتتۇرا شەرق» گېزىتىنىڭ 95 - يىل 1 - ئاينىڭ 12 - كۈنىدىكى خەۋىرى) 1994 - يىللىق يېڭى يىل مۇراسىمىدا خەلق ئارىسىدا كۆرۈلگەن خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ باشلىقى دېڭ شياۋپىڭ بۇ يىل خەلق ئارىسىدا كۆرۈلمىدى. ئاغرىقى ئېغىرمۇ بارمىدى. بۇ يىل ئۇنىڭ سالامەتلىكى ناچارلىشىپ، خەلق ئارىسىدا كۆرۈلمىگەنلىكى بەزى كوممۇنىست ئەمەلدارلىرىنى قاتتىق ئېچىندۇردى. نۆۋەتتە دېڭ شياۋپىڭ ئۆلدىمىكىن دەپ - سۆز خەلق ئارىسىدا تارقالماقتا.

ياپونىيىنىڭ يومىئۇرى خەۋەرلىرى گېزىتىنىڭ يېقىنقى بىر خەۋىرىدە، جاڭ زېمىن دېڭ شياۋپىڭنى يوقلاش ئۈچۈن دوختۇرخانىغا بارغاندا، دوختۇرلارنىڭ رۇخسەت قىلمىغانلىقىنى بايان قىلغان.

# ئەركىن ئالپ تېكىننىڭ

## ئامېرىكىدىكى زىيارىتى

بېشى 1- بەتتە

ئەركىن ئالپ تېكىن ئامېرىكا پارلامېنتى ئىنسان ھەقلىرى ۋەخپى باشلىقى داۋىد پەخىلىپ، ئامېرىكا تېچلىق ئىنستوتى تەمسىلچىسى داۋىد لىتتىلى، ئىنسان ھەقلىرى كومىتېتى ئاسىيا تەمسىلچىسى مىكا ۋەندىريزىك، ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ خىتاي مەسىلىسى مەسئۇلى جوھن فوئارد بىلەن كۆرۈشۈشتە، ئۇلارنىڭ شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى خەلقئارا مەسىلىلەر قاتارىدا كۆزۈتىپ، ئۇيەردىكى خىتاي كوممۇنىست زۇلۇمىنى خەلقئاراغا ئاڭلىتىپ، شەرقىي تۈركىستان داۋاسىغا ساھىب چىقىشىنى تەۋسىيە قىلدى. بۇ ئەرباپلار ئەركىن ئالپ تېكىننىڭ تەكلىۋىنى قوبۇل قىلىپ، يېقىندىن ياردەم كۆرسۈتىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

# خىتاي دېموكراتچىلىرى

## دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئۆلۈمىنى كۈتمەكتە

(تۈركىيە «ھۈرىيەت» گېزىتىنىڭ ماقالىسى). ماۋزۇسى: خىتاي نەگە بارىدۇ؟ ئاپتورى: ھادى ئۇلۇئەنگىن).

بۇندىن 20 يىل بۇرۇن، فرانسىيە ئالىمى ۋافتىز «خىتاي ئويغانغاندا» دىگەن كىتاۋىدا، خىتاي ئويغانغاندا پۈتۈن دۇنيانى زىل - زىلىگە سالىدىغانلىقىنى بايان قىلغان ئىدى.

زامانلار ئۆتكەندىن كېيىن ماۋزېدۇڭنىڭ ئۆلۈمى موم بىلەن قاتتۇرۇلۇپ، ھەيكەل بولۇپ ساقلانماقتا. ماۋنىڭ ھاكىمىيەتكە ۋارىسلىق قىلىۋاتقان دېڭ شياۋپىڭ 1989 - يىلقى ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتىنى باستۇرۇپ، خىتاينىڭ دېموكراتىيىگە ئۆتىشىنى توستى. دېموكراتىك رەھبەر جياۋزىياڭنى ئاغدۇرۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا كوممۇنىزىمدا قەتئىي ۋە ئۆزىنىڭ ئەڭ يېقىن ئادىمى جاڭ زېمىننى تەختكە ئولتۇرغۇزۇپ، تيەنئەنمېن دېموكراتىك كۈچلىرىنى بېسىقتۇرۋەتتى.

يۇقىرقى كىتاپتا بايان قىلىنغاندەك، نۆۋەتتە خىتاي ئىقتىسادىي جەھەتتە ئويغاندى. خىتاي ئىقتىسادى يۈزدە 17 پىرسەنت يۈكسىلىپ، 1994 يىلى چەتئەل كاپىتالىستلىرىنىڭ خىتايغا 20 مىليارد دوللار مەبلەغ سېلىشى يۈز بىرىشتى. بۇنىڭ بىلەن سوتسىيالىزىمنىڭ ئىقتىسادى تەرەققىياتى كاپىتالىستىك ئىقتىسادى تەرەققىياتقا يۈزلەندى. لېكىن، سىياسى جەھەتتە ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمىدى، سوتسىيالىزىم، كوممۇنىزىم ئېتىقادى بويىچە ئۆز ئورنىنى ساقلاپ قالدى.

ئۆتكەن يىل 15 -ئايدا ئۆتكۈزۈلگەن 4-نۆۋەتلىك مەركىزى ھۆكۈمەت يىغىنىدا، جياڭ زېمىننىڭ شاڭخەي گورۇھى تېخىمۇ تەھكىملەندى، ئۇ ئۆز ئەتراپىغا شاڭخەيلىكلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، مەركىزى ھۆكۈمەتنى شاڭخەي گورۇھى ھاكىمىيەتكە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن تىرىشماقتا. مەركىزى كومىتېت سىياسى بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، گورۇھۋاسىز دېڭ گۇەنگېن پۇرسەت كۈتۈپ تۇرماقتا. ئەمما، ئەڭ مۇھىم بولغىنى بېيجىڭدىن ئۆزىنى يىراق تۇتۇۋاتقان گۇاڭدۇڭ، شاڭخەي، شەنشى قاتارلىق مەركەزگە قارشى كۈچلەرنىڭ دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئۆلۈمىنى كۈتىۋاتقانلىقىدۇر.

بۇ ئەھۋاللار دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن، مۇستەقىللىق ئېلان قىلىدىغان كۈچلەرنىڭ ۋە ئىچكى ئۇرۇش يۈز بېرىش خەۋپىنىڭ بارلىققا كېلىدىغانلىقى، مابىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوخشاش پارچىلىنىپ كېتىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. خىتايدىكى مىليونلارچە ئىشسىزلىق، ھەربى ئىچىدىكى تۇراقسىزلىق، خەلقنىڭ ھۆكۈمەتكە بولغان نارازىلىقىنىڭ كۈندىن - كۈنگە كۈچىيىشى خىتاينىڭ پارچىلىنىشىغا ئەڭ كۈچلۈك سەۋەپ بولىدۇ. تاشقى كۆرۈنىشى تۈرغۇن كۆرۈنىۋاتقان ھەربى كۈچلەرى ھەبال بورانغا ئوخشاش چاڭ - توزاڭ پەيدا قىلىشى مۇمكىن.

# روسلار قازاقىستاندىن

## قاچماقتا

(فرانسىيە «لى كارى» گېزىتى خەۋرى). قازاقىستاندا كۈندىن -كۈنگە ئېغىرلىشىۋاتقان ئىقتىسادى قېيىنچىلىق، مىللەتچىلىك ۋە قازاق دايېرلىرىنىڭ روسلارنى ھۆكۈمەت تەشكىلاتلىرى ۋە مەمۇرى ئورۇنلىرىدىن سىقىپ چىقىرىشى 300 مىڭدىن ئارتۇق روسلارنى قازاقىستاندىن قېچىپ كېتىشكە مەجبۇرلىدى. بۇنىڭ بىلەن قازاقىستاندا روسلا يۈزدە 36 پىرسەنت ئازايدى.

# ئامېرىكا خىتاينىڭ ساختا تاۋار

## سودىسىغا قارشى چىقتى

(تۈركىيە «ھۈرىيەت» گېزىتى 1995-يىل 2-ئاينىڭ 13- كۈنى خەۋرى) ياۋروپا ۋە ئامېرىكا، خىتاي 2000 - يىلى دۇنيا تاۋار سودىسىنىڭ مەركىزى بازىرى بولىدۇ، دەپ قارىغان ئىدى. لېكىن، بۇنىڭ ئەكسىچە خىتاي ئۆزىنىڭ ساختا تاۋارلىرىغا ئامېرىكىنىڭ تاۋار ماركىلىرىنى چاپلاپ، خەلقئارا تاۋار سودىسى پرىنسىپىغا قاتتىق خىلاپلىق قىلغان ئامېرىكىنىڭ نامىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ ساختا ماللىرىنى بازارغا سېلىپ، ئامېرىكا ئۈچۈن بىر مىليارد دوللار زىيان يەتكۈزگەن.

ئامېرىكا خىتاي بىلەن بولغان سودا كېلىشىمىدە، خىتايدىكى ئىنسان ھەقلىرىنىڭ دەپسەندە قىلىنىۋاتقانلىقىغا كۆز يۇمغان ئىدى. لېكىن، ئامېرىكا خىتايغا تاۋار ئېكسپورت قىلىشتىن بۇرۇن، خىتاي ئۆزىدىن ئېلېكتورونلۇق مېگناتىفون، تېلېۋىزور، ئېلېكتورونلۇق ھېساپلاش ماشىنىسى، رادىئو، توك ئىشلەپچىقىرىش ماتورى قاتارلىق ساختا تاۋارلارغا ئامېرىكا ماركىسىنى چاپلاپ، خەلقئارا بازاردا ساتقان. بۇنىڭغا قارىتا ئامېرىكا مۇنداق دېدى: «ئەگەر خىتاي بۇخىل ساختىكارلىقىنى توختاتمىسا، ھەرقانداق تاۋارلىرىغا يۈز پىرسەنت باج قويۇپ، چېگرا بېجى ئېلىنىدۇ». بۇنىڭغا خىتاي مالىيە مىنىستىرى ۋۇيى مۇنداق جاۋاپ قايتۇرغان: «بىز خەلقئارا سودا بازىرىدا يالغۇز ئامېرىكىغىلا قاراشلىق ئەمەس، ئامېرىكىدىن باشقا ئەللەرگە تاۋارلىرىمىزنى ئوخشاش ساتالايمىز». ئۇ ئارقىدىنلا گېپىنى ئۆزگەرتىپ، مۇنداق دىگەن: «خىتاي ئامېرىكىنىڭ تاماكا، ھاراق، پىكاپ، ئاپتوموبىللىرىغا قوشۇمچە باج ئېلىشنى يولغا قويىدۇ».

ئامېرىكا مۇنداق دەپ قارايدۇ: خىتاينىڭ ئامېرىكا بىلەن تاقابىل تۇرۇشى بۈيۈك ئادەمى دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئۆلۈمىنىڭ يېقىنلاشقانلىقى، ئۇنىڭ ئورنىغا ئاشىر كوممۇنىست جياڭ زېمىن ئولتۇرۇپ، پۈتۈن سىياسى، ھەربى ھوقۇقنى قولغا ئېلىپ، خەلقنى دېموكراتىيە ئەركىنلىكتىن بوغۇپ، تەشكىللىنىش، سۆزلەش ھوقۇقى بولمىغانلىقى، 1989 - يىلقى ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتى قايتا يۈز بەرسە، تېخىمۇ دەھشەتلىك قىرىپ تاشلايدىغانلىقى، خىتايدا ھەربى ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈپ، ئامېرىكىنىڭ ئىشەنچىدىن يىراقلاپ كېتىۋاتقانلىقىدىندۇر.

بۇنىڭدىن كېيىن، ئامېرىكا ھەربى، سىياسى، ئىقتىسادى تاۋار سودىسى ۋە ئىنسان ھەقلىرى ھوقۇقى جەھەتتە، خىتايغا يۈز بەرمەيدۇ.




ماۋزېدۇڭنىڭ ساختا تاۋار سودىسىغا قارىتا قىياپىتى. بەلكىم ئۇ ئۇنەۋرىلىرىنىڭ بۇ — ئۇنىڭ مېلىنى بۇنىڭغا، بۇنىڭ مېلىنى ئۇنىڭغا سېتىشتا بۈگۈنكى ھالغا چۈشۈپ قېلىشىنى ئويلىمىغان بولىشى كېرەك.

[redacted]

# ماۋزېدۇڭنىڭ ئەخلاقى



Güney Çin'deki Hunan bölgesinde büyüyen Mao, seksin yaşamı uzatan bir "gür" olduğuna inanıyordu. Çoğunlukla kırsal kesimden gelen sayısız genç kız sevgilisi vardı.

خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ 82 يېشىدا ئۆلگەن ماۋزېدۇڭكى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە چىرايلىق خوتۇن - قىزلار بىلەن ئويچۇر شۇپ تۇرۇشنى توختاتمىغان . ماۋزېدۇڭنىڭ 21 يىللىق خۇسۇسىي دوختۇرى جى سۇي ئېيتىشىچە، ماۋزېدۇڭ سىرىتقا چىقىپ ئامما بىلەن ئۇچرىشىشتىن قاتتىق بىزار بولغان چاغلىرىدا سەرالىق گۈزەل قىزلارنى ئوردىسىغا يىغدۇرۇپ كۆڭلىنى ئېچىشنى ئاخىرغىچە داۋام قىلغان . ئۇ، مۇنداق دەيدۇ : « ماۋزېدۇڭ بۇ مەشغۇلاتىنى ناھايىتى يوشۇرۇن تۇتاتتى ، ئەمما ئەخلاقسىز تۇر بىسىمى قىلىشتا دۇنيادا تېڭشىمى ئىدى » .

شەرقىي تۈركىستان خەلقىمۇ مەلۇمكى خىتايلار تاشقى جەھەتتە ۋە باشقا مەملىكەتلەرگە قارىتا سىياسىي ، ئىقتىسادىي قانۇنىي مەسىلىلەرگە دىققەت قىلىشتىن ئەخلاقىي مەسىلىگە ئەڭ كۈچلۈك دىققەت قىلىدۇ . ئۇلار بىر ئېلىك مەملىكەتتىن يېتىشىپ چىققان ، ئىستىقبالى پارلاق ، ۋەتەن ، مىللەت ئۈچۈن ئۆزىنى ئېتەلەيدىغان ، نام - شۆھرىتىدىن ۋاز كېچەلەيدىغان ۋەتەنپەرۋەر دەردمەن ، بېشى لەيدىغان مىللىي كادىرلارنى ، ياشلارنى ، كەسىپ ئۇستىلارنى ئۇچۇر قىتۇرۇشتا ، ئۇلارنىڭ ھەققىدە ھېچقانداق بىر قۇسۇر تاپالمىغاندا ، ئەخلاقى بۇزۇلغان دىگەن بانا بىلەن ، ھەتتا بېيجىڭغا يىغىنغا چاقىرىش ئويۇننى ئويناپ قاپقان، غا چۈشۈرۈپ ، يوق قىلىۋېتىدۇ . بۇ خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ ئەڭ ئوچۇق چىققان رەزىللىكلىرىدىن بىرى . ماتا بۇ رەسىم ئۇلارنىڭ ئەسلى ماھىيىتىنى ئېچىپ بەردى .

## پارچىلار

**ئابدۇشۈكۈر**

ئەزەلدىنلا ۋەتەن ئەل دەپ چىققان ئىدى بۇ تىلىم ،
شۇڭا ئىزلەر ئەلگە خۇرسىيەت ھەمدە ئاھەت بۇدىلىم ،
ھەقىقەت تەمەكتۇر نىشانىم ئەسلىدۇر بۇئىدىرىگىم ،
ياۋغا باش ئەگمەكنى ئار بىلمەك مېنىڭ چىن خىسلىتىم ،
دىل قارارىم ھەر زامان دۈشمەننى روشەن بىلمىكىم .

ھەسرەت بىلەن سۈكۈت قىلىپ ئولتارماقنى ئار بىلدىم ،
جان پىدا بىلەن تاپقان راھەت ھەمدە دوستنى يار بىلدىم ،
ئۆزنە پەمچۈن خىيال ئەيلەپ يۈرگەنلەرنى خار بىلدىم ،
تىلەكلەرگە يەتمەك ئۈچۈن ياشىماقنى بار بىلدىم ،
ھاياتىم ئىچىدە تۆھمەتخورنىڭ كۆڭۈللىرىنى تار بىلدىم .

ئالەم ئاراكۆڭۈللەرنى ئاختۇردۇم ،
كىمكى ئەلگە سادىق ئىكەن ياقتۇردۇم ،
نامەرتلەرنى نامەرتلەرگە چاقتۇردۇم ،
شۇڭا ، ئۆزەم ئەل ئىشىدا پاك تۇردۇم .
تۆھمەتخورغا غازات ئاشتىم تاق تۇردۇم .

مېنىڭ خەلقىمزۇلۇم چېكىپ خورلانسا ،
دۈشمەنلەرگە سادىق بول دەپ زورلانسا ،
ھەر دو قمۇشتا خائىنلارغا ئوۋلانسا ،
ھەق ئىشى ئۈچۈن تۇرمىلارغا سولانسا ،
چىدىماسمەن چىن ھەقىقەت بولغانسا .

چىدى ئالەم، ھۆرىيەتتىن بەھرىمان ،
ئۆز ئىلىچۈن كۆرەشلەردە قەھرىمان ،
ئۇلاردا بار ئىتتىپاق قىلىق ھەرزامان ،
شۇڭا ئاللاھ نۇسرەت بەردى شۇتامان ،
بىزدە باردۇر پىتنە - ئىغۋا ئەڭ يامان .

ئۇنچىلا ئۇخلايسەن يارىم ئويغۇدىن بەزمەك كېرەك ،
ئۆز گۈشەكنى يىغىدىك بىلەن قورىدى سەزمەك كېرەك ،
شۇم رەقىپلەردا مىغا بىز جۈشمە يىلى بولدى بەس ،
ياۋ باغرىنى كۆرەشتە ئۆملۈك بىلەن ئەزمەك كېرەك .



# فاتىما خانىمنىڭ ۋاپاتىنىڭ بىر يىللىقى خاتىرىلەندى



ئۆز ئۆمرىنى سابىق شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتىنىڭ باش كاتىۋى، شەرقىي تۈركىستان ئىستىقلالىنىڭ لىدەرى، تۈركلۈك دۇنياسى مۇجاھىدى ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىن ۋە پەرزەنتلىرى بىلەن بىرلىكتە ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ۋەتەن، مىللەت ئۈچۈن مۇجادىلە ئېلىپ بارغان، پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان ئاياللىرىنىڭ ئانىسى ئۈلگىسى بۈيۈك ئانا-فاتىما ئالپتېكىننىڭ ۋاپاتىنىڭ بىر يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن، ئىستانبۇلدىكى مەشھۇر جامەلاردىن بىرى بولغان ئاتاكۆي جامەسىدە مەۋلۇت شېرىف ئۆتكۈزدى. مەۋلۇتكە تۈركىيەنىڭ بەزى مىنىستىرى، مىللەت ۋەكىللىرى، ئوقۇمۇشلۇق زاتلار، دىنىي ئۆلىمالار ۋە كۆپ ساندىكى شەرقىي تۈركىستانلىق ئەر-ئايال مۇجاھىدلار بولۇپ مىڭدىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى. تۈركىيە مىللەتچى ھەرىكەت پارتىيىسىنىڭ رەئىسى ئالپ ئارسلان تۈركەش تېلېگرامما يوللاپ، فاتىما خانىمنىڭ ۋاپاتىنى خاتىرىلەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

فاتىما خانىمغا ئۆتكۈزۈلگەن مەۋلۇت شېرىف بىلەن بىرگە، شەرقىي تۈركىستان شېھىتلىرى ۋە دۇنيا تۈرك شېھىتلىرى ئۈچۈن خەتمە-قۇرئان ئوقۇلدى ۋە دۇئا تىلاۋەت ئۆتكۈزۈلدى.

بۇ مەۋلۇت شېرىفنى تۈركىيەدىكى نوپۇزلۇق ‹‹زامان›› ، ‹‹تۈركىيە›› گېزىتلىرى، ت.ر.ت. تېلېۋىزور ئىستانسى ۋە بىر قىسىم رادىئو ئىستانسىلىرى مەخسۇس خەۋەر قىلىپ بەردى.

## بىرلەشەيلى قېرىنداشلار

سېيتنىسا لوقمان ( شەمشەت )

قەد كۆتۈرۈپ ئىنسانىدەك ياشىماق قچۈن جاھاندا،
يەتكۈزۈپ ھەم زاۋاللىق ئىبلىس خىتاي قاۋانغا،
باغۋەن بولۇپ باغىمىز ئانا يۇرت تۈركىستانغا،
ئاي يۇلتۇزلۇق بايراقنى قادىماق قچۈن شۇ كانغا،
شۇل نىشانغا يەتمەكچۈن بىرلەشەيلى قېرىنداشلار.

كەيمەك ئۈچۈن باشلارغا ئەندى ھۆرلۈك تاجىنى،
ئويغىتايلى غەپلەتتە ياتقانلارنىڭ بارچىنى،
بېغىشلايلى ۋەتەنگە ھاياتىمىزنىڭ بارىنى،
ئۇنۇتمايلى زىنداندا ياتقانلارنىڭ ئاھىنى،
قىساس ئالماق خىتايدىن بىرلەشەيلى قېرىنداشلار.

ئازاتلىقچۈن تومۇردا قانلار ئۇرغۇپ ئاقمامدۇ؟
ھۆر دۇنياغا ھەۋەستە كۆزلەر ئۈمىتتە باقمامدۇ؟
ئۆز يۇرتىغا قان بولماق كۆڭۈللەرگە ياقمامدۇ؟
كۆرگەن زۇلۇم چايانىدەك ۋۇجۇدلارنى چاقمامدۇ؟
ئادەم بولساق ئەگەر بىز بىرلەشەيلى قېرىنداشلار.

كىم ئىدۇق بىز تارىختا - كىمنىڭ نەسلى - ئەۋلادى؟
باش ئەگمىدۇق توققۇزغا تۇرۇپ ئوغۇزنىڭ ئەۋلادى؛
ئاجىزمىدۇق بىز شۇنچە ھەي سۇتۇق بۇغرا زاتى،
ئاققان قانلار-كۆز ياشلار ئەستىن چىقتىمۇ زادى،
قايتماق ئۈچۈن ئەسلىمىزگە بىرلەشەيلى قېرىنداشلار.

قېنى، بىر چاغ بىزدىكى داۋان ئاشقان جاسارەت،
ئات ئويناتۇپ تاغلاردا جاھان كەزگەن ماھارەت،
بارچە خىتاينى تىترىتىپ يەتكۈزۈپ چوڭ مالامەت،
كۈچ خىسلەتتە جاھانغا تونۇلغانىدۇق كارامەت،
تاپماق ئۈچۈن شۆھرەتنى بىرلەشەيلى قېرىنداشلار.

ياتماق بۈگۈن مىللىتىنىڭ ئاشۇ مۇدھىش ھالىغا،
قارلىق تاغلار ئېرىگەي تارتقان ئاھۇ-زارىغا،
سۇلتان ئىدۇق، قۇل بولدۇق چۈشۈپ مەلئۇن دامىغا،
داغ تەككۈزمەك ئوياتتۇر ئاشۇ ئوغۇزخان نامىغا،
ئاقلاش ئۈچۈن ئارنۇمۇسنى بىرلەشەيلى قېرىنداشلار.

بىر جان بولۇپ ھەممىمىز ئىناقلىقنى يار قىلىپ،
ئاشۇ قۇللۇق ھاياتتىن ئۆلۈمنى ئەلا بىلىپ،
يەتمەك ئۈچۈن ھۆرلۈككە چىقايلى بىز غازات قىلىپ،
شۇم زۇلۇمنىڭ يىلتىزىنى ئۈزەيلى ھەم ئوتقا سېلىپ،
كۆلدۈرمەكچۈن ھەقىقەتنى بىرلەشەيلى قېرىنداشلار.

تۈگىتىپ بىز ئارىدىن ئۆچلۈك-ئاداۋەت-ھەسەتنى،
بۆلگۈنچىلىك-پىتنە-ئىغۋا-كۆرەلمەسلىك-غەيۋەتنى،
چىقىمچىلىق-ساتقىنلىققا ياغدۇرۇپ چوڭ نەپرەتنى،
ۋەتەن سۆيگەن مەردلەرگە ئاتاپ سۆيگۈ-شەرەپنى،
ئەقلىمىزنى قورال قىلىپ بىرلەشەيلى قېرىنداشلار.

قان ۋە جاندىن قىممەتلىكتۇر شۇ ئەركىنلىك ئىنسانغا،
كەچمەكۈنچە ئەزىز جاندىن يەتمەس ھېچكىم جانانغا،
تونۇلماقتا قايتا يەنە ھۆرلۈك تېپىپ جاھانغا،
ئاللاھ بەرسە كۈچ-قۇۋۋەت چىقايمىز ھەم ئاسمانغا،
ھۆرلۈك ئۈچۈن، ئەرك ئۈچۈن بىرلەشەيلى قېرىنداشلار.

## مۇستەقىل تۈرك جۇمھۇرىيەتلىرى ئىتتىپاقى

(تۈركىيە ‹‹ئوتتۇرا شەرق›› گېزىتىنىڭ بۇيىل 2 - ئاينىڭ 16 - كۈنىدىكى خەۋىرى). ئىقتىسادىي ۋە تاشقى ئىشلاردا ئۆز ئارا مەسلىھەتلىشىپ، ئىش ئېلىپ بېرىش مەقسىتىدە، نازارباييېۋ، ئىسلام كېرىموۋ ۋە ئاقار ئاقايېۋنىڭ تەشەببۇسى بىلەن قۇرۇلغان قازاقىستان، ئۆزبېكىستان، قىرغىزىستان ئىتتىپاقىغا تۈركمەنىستان لىدەرى نىيازوۋمۇ ئەزا بولدى.

ئىتتىپاق رەسمىيىتى بويىچە 2 يىلدا بىر قېتىم جۇمھۇرىيەت لىدەرى ئىتتىپاقنىڭ ئەزاسى بولۇش سالاھىيىتى بىلەن رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالىدۇ. ئىتتىپاق ئەزالىرى 3 ئايدا بىر قېتىم يىغىن ئۆتكۈزۈپ ئىقتىسادىي ۋە تاشقى ئىشلارنى مۇزاكىرە قىلىشتىن باشقا، دېپلوماتىيە دۆلەت مۇداپىئەسى، سىياسىي ۋە قانۇن تۈزۈش ئىشلىرىدىمۇ ئۆز ئارا پىكىر يۈرگۈزىدۇ.

تۈرك جۇمھۇرىيەتلىرى ئىتتىپاقىنىڭ بىرىنچى نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيى بۇيىل 3 - ئاينىڭ 3 - كۈنى تۈركمەنىستاندا ئۆتكۈزۈلدى.



گېزىت باشلىقى: ئارسلان ئالپتېكىن
باش مۇھەررىر: شاخلىل بوزقۇرت
گېزىتنىڭ تۈركىيە، ئىستانبۇلدىكى ئادرېسى:

Gazete Sahibi
ARSLAN ALPTEKİN
Genel Yayın Koordinatörü
ŞAHHALİL BOZKURT
Gazete Adresi:

Ataköy 4. Kısım T.O. Blok No. 89/5
İSTANBUL - TURKEY Tel. : (0212) 559 83 21

ئىزاھات: گېزىتىمىزدە ئېلان قىلىنغان ماقالالارنىڭ مەسئۇلىيىتى ئاپتورلار ئۈستىدە. تەھرىراتتىن ماقالالار قايتۇرۇلمايدۇ ۋە جاۋاپ بېرىلمەيدۇ.

Yayınlanan yazıların sorumluluğu yazarlarına aittir. Gönderilen yazılar yayınlansın veya yayınlanmasın iade edilmez. İsim zikredilmeden iktibas edilemez